

ئىشنى ياخشى باشلاش قەدەمنى ياخشى ئېلىش

بىزنىڭ بايرىمىمىز . يېڭى يىل

يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنىدە بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇش

☐ ئانار بۇلۇت/شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇش كىشى قەلبىنى ئەڭ لەرزىگە سالىدى. 2021 ـ يىلنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسى ئېچىلغاندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەممە ئائىلە جەم بولۇپ، ھەر مىللەت ئامما يېڭى يىلنى تەبرىكلەش شادلىقىغا چۆمدى. لېكىن يەنە نۇرغۇن كىشى ئاممىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداش، شەھەر تۇرمۇشىنىڭ نورمال ئايلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈننى كۈرەش قىلغۇچى قىياپىتىدە ئۆتكۈزدى.

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش پەن ـ تېخنىكا كەسىپلەر باغچىسىدا ئالدىراش مەنزىرە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يانداش مەھسۇلاتلىرىنى تاپشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى.

«رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە يول ئۇزۇن، كۈرەش داۋاملىشىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. 2020 ـ يىلى، ئالاھىدە ترانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتىدىكى بارلىق كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش تەڭ جانلىنىشتەك خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؛ كەلگۈسىدە بىز تېخىمۇ تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ‹14 ـ بەش يىل›نى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز» دېدى شىركەت پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باش لىدىر خۇاڭ خەنجيې.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ۋراچى زۇلپىيە توختى ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ناھايىتى بالدۇر كېلىپ، كېسەل كۆرۈش ئۆيىنى دېزىنفېكسىيەلىگەندىن كېيىن ئاغرىق بالىلارنى تەكشۈردى، دورا يازدى. «بۇ يەر ئاغرىمادۇ ـ ئاغرىمامدۇ؟ نەرىڭىز ئاغرىسا دەڭ.» زۇلپىيە بىر كىچىك قىزچاقنىڭ ئاشقازان ئەتراپىنى يېنىك بېسىپ تۇرۇپ، مۇلايىم ئاۋازدا بالىنىڭ سېزىمىنى سورىدى.

«بۇ يىل 75 ياشقا كىردىم، پېنسىيەگە چىققان بالىلار كېسەللىكلىرى دوختۇرى، مەن ھەر قېتىم ئامبۇلاتورىيەگە چىققاندا، تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ ئاغرىق بالىلارنى كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلىمەن، خۇددى رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە ئېيتقاندەك ‹سەممىي مۇھەببەت ئارقىلىق ئاۋامنى قوغداپ، تامچە كۈچتىن قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ھاياتلىقنى قوغداشنىڭ پولات سېپىلىنى بەرپا قىلىمەن›.» زۇلپىيە مۇنداق دېدى: 2021 ـ يىلى خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە ھەقىقىي چىڭ تۇرۇپ، كامالەتكە يەتكەن داۋالاش تېخنىكام ئارقىلىق بالىلارنىڭ ساغلاملىقىنى داۋاملىق قوغدايمەن.

بايرام مەزگىلى ھەم سەپەرگە چىقىش ساياھەت قىلىشنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلى بولۇپ، 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت 12 دە، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قاتناش ساقچى باش ئەترىتى يۇقىرى دەرىجىلىك يول تارماق ئەترىتى ئۇلانباي چوڭ ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىلىرى ئىش ئورنىغا تولۇق چىقتى، بەش گۇرۇپپا ساقچى كۈچى ئۈرۈمچى ئايلانما يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ مۇھىم يول ئېغىزلىرى ۋە ئاسان توسۇلۇپ قالىدىغان يول بۆلەكلىرىدە توختىماي چارلاشقا ئەۋەتىلدى.

گەرچە يېقىنقى بىر مەزگىلدە بۇ يەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 20 سېلسىيە گرادۇستىن تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان قاتناش ساقچىلىرى يەنىلا قىلچە بىخەستەلىك قىلماي ئۆز خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى. «نۆۋەتتە ئاپتوموبىللار كۆپىيىشكە باشلىدى، يوللاردا قاتناش نورمال، ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ شىسەن بۆلىكىدە ئاپتوموبىللار بىرقەدەر كۆپ بولسىمۇ، قاتناش قىستاڭچىلىقى يۈز بەرمىدى.» ئۇلانباي چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى ليۇ چېن مۇنداق دېدى: «رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە، بىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، تاغ ـ دەريالاردىن بېسىپ ئۆتتۇق. بىز يەنە داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك! دېدى. بىز يۇقىرى سۈرئەتلىك يول قاتناش ساقچىلىرى 24 سائەت توختىماي ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، راۋانلىقا، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، ھەممە ئائىلىنىڭ جەم بولۇشىنى مۇھاپىزەت قىلىمىز!»

يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى، بۈگۈر ناھىيەسى سوخۇ يېزىسى كۆكچۆل كەنتىدىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى جۇ فېڭشۈ، سۇلايمان ھۇسەن ئىشكى ئالدىدا باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كۆكچۆل كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى كۈتۈۋالدى. شۇ كۈنى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى ئەزالىرى يەنە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

«گەرچە كۆكچۆل كەنتى 2017 ـ يىلى پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئېكولوگىيەلىك ئاھالە كۆچۈرۈشنىڭ كەنت ئاھالىلىرىگە ئېلىپ كەلگەن پايدىسى داۋاملىق نامايان بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىز قەتئىي بەل قويۇۋەتمەي، پۇختا، ئەستايىدىل ھالدا غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ بېيىتىمىز، كەنتنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىمىز!» دېدى باينغولىن ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كۆكچۆل كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى، كۆكچۆل كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەردان ياسىن.

(مۇخبىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، قاتناشقان مۇخبىرلار شى شىن، سۈي يۈنيەن، سۇڭ ۋېيگو، چاۋ جىن، سۇ لۇپىڭ)

▲ 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، كۇچا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى يەنشۈيگۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ قاتناش ساقچىلىرى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، سەپەرگە چىقىش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

☐ نىياز راخمان فوتوسى

▲ 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتى T3 ئايروپىلان كۈتۈش بىناسى زالىدا، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، يولۇچىلارنى ئايروپىلانغا چىقىش كەسپىنى بېجىرىشكە يېتەكلىمەكتە.

☐ ئانار بۇلۇت/شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ۋاڭ جىن فوتوسى

9679 نۆۋەتچى پويىز! 2020 ـ يىلى شىنجاڭ ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدا يېڭى رېكورت يارىتىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى قاتتىق دېتال سىلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئالاتاۋ، قورغاس ۋوگزاللىرىدا ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش بويىچە ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، توشۇش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى؛ ترانسپورت ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەشنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، ۋاگون ئورۇنلاشتۇرۇش مەشغۇلاتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، پىلان تۈزۈش، بېلەت ياساش، ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش قاتارلىق مەشغۇلات تەرتىپىنى چىڭ كۆزلىدى، ماسلاشتۇرۇپ يۆرۈشتۈرۈش، يۈك توشۇش، قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش قاتارلىق تارماقلار قۇرۇق ۋاگون سەپلەش، ۋاگونغا قاچىلاش قاتارلىق توشۇش تەييارلىق خىزمىتىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلەپ، مەشغۇلات ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى تاموژنا، چېگرا تەكشۈرۈش بىرلەشمە ھەرىكىتى ھەمدە قازاقىستان تۆمۈريول تارماقلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتتى، قازاقىستان تەرەپنىڭ ۋوگزالدا پويىز كۈتۈۋېلىش ـ ماڭدۇرۇش، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈپ تەكشۈرۈش ھالقىسىدىكى تۇتاشقان جاي مەسىلىسىنى ھەرىكەت ھالىتىدە ئىگىلەپ، «ئادەم پويىز ساقلاش» خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ «بىرلەشىپ تەكشۈرۈپ دەللەش، بىر قېتىمدا ئۆتكۈزۈش»نى ئورتاق يولغا قويۇشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، يېڭىدىن تورغا چىقىرىلغان توشۇش قوراللىرى سىستېمىسى ۋە يېڭى مال تىزىملىكى سىستېمىسىغا تايىنىپ، سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، بىر پۈتۈن نۆۋەتچى پويىزنى ماڭدۇرۇش ۋاقتى ئون نەچچە سائەتتىن بىر سائەت ئىچىگە قىسقارتىلدى.

«شىنجاڭ تۆمۈريولى جۇڭگو ـ قازاقىستان تۆمۈريولى خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورت ئالتۇن يولى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پورت ۋوگزالىنىڭ توشۇش ئىقتىدارىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە قاتناش سانىنى 2019 ـ يىلىدىكى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون نۆۋەت قاتناشتىن 2020 ـ يىلىدىكى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14 نۆۋەت قاتناشقا كۆپەيتتى، بىر كۈندە ئەڭ كۆپ بولغاندا 23 قېتىمغا يەتكۈزدى» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئالاتاۋ ۋوگزالىنىڭ مۇئاۋىن ۋوگزال باشلىقى ليۇ چۈەنمىن.

نۆۋەتتە، ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق قاتنايدىغان نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى ئاساسلىقى چۇڭچىڭ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا، جېڭجوۋ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا، چاڭئەن نامىلىق، چېڭدۇ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا قاتارلىق 22 لىنىيە بولۇپ، گېرمانىيە، پولشا، بېلگىيە، رۇسىيە قاتارلىق 13 دۆلەتكە يېتىپ بارىدۇ، مال تۈرى 200 خىلدىن ئاشىدۇ؛ قورغاس پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى 16گە يېتىدۇ، مال تۈرى ئاشلىق، ياغاچ ماتېرىياللىرى، كۈندىلىك تۈرلۈك ماللار، ئېلېكتىر سايمانلىرى زاپچاسلىرى قاتارلىق 100 خىلدىن ئارتۇق تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۆزبېكىستان، پولشا، گېرمانىيە قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتكە يېتىپ بارىدۇ.

بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. ھەربىر بالىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كەلگۈسى بەش يىلدا، مەن ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك كىتابلارنى ئوقۇشتىن دەرسلىكتىن باشقا كىتابلارنى ئوقۇشقا يېتەكلەپ، بالىلارنى تۇرمۇشنىڭ چىنلىقى، ياخشىلىقى، گۈزەللىكىنى بايقاش داۋامىدا كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرىدىغان قىلىمەن. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق بالىلارنى توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى تۇرغۇزۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشكە يېتەكلەيمەن. بەش يىلدىن كېيىن، ئۇلار ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن ياخشى ئۆسمۈرلەردىن بولۇپ، يەلكەن چىقىرىپ يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم قويىدۇ.

(ئانار بۇلۇت/شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۇ لۇپىڭ رەتلىگەن)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، باج قاتارلىق تارماقلارنىڭ سانلىق مەلۇماتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، سۇغۇرتىغا قاتناشمىغان كارخانىلار، شىنجاڭ نوپۇسىدىكى سۇغۇرتىغا قاتناشمىغان شەخسلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، كارخانا، شەھەر، يېزا ئاھالىسىنىڭ قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش سالمىقىنى ئاشۇرغان. «2020 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز زور كۈچ بىلەن يولغا قويغان كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى ‹كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، كېچىكتۈرۈش› سىياسىتى كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ كارخانىنى سۇغۇرتىغا پائال قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇردى» دېدى فەن ئەيبىن.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش دائىملاشقان ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىجتىمائىي سۇغۇرتا كەسپىدە «يۈز كۆرۈشمەي» بېجىرىش مۇلازىمىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئورۇنلار ۋە سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئاممىنى ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت توردا بېجىرىش زالى، شىنجاڭ ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت APPسى، بانكا ـ ئىجتىمائىي كاپالەت ئالاقە سۇپىسى قاتارلىق يوللاردىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا كەسپىنى «توردا بېجىرىش، يان تېلېفوندا بېجىرىش»كە يېتەكلىدى. 2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تەخمىنەن 4 مىليون 850 مىڭ ئادەم قېتىم توردا بېجىردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى يىراقتىن ئىش بېجىرىش، ئارقا سۇپىدا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تەمىناتىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىشتا يارىلىنىش ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى تەمىناتىدىن 29 مىليارد 712 مىليون يۈەننى ئۇدا يەتتە ئاي مۇددەتتىن بۇرۇن تارقاتتى.

2020 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېرىلگەن نامرات شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققىنى ھۆكۈمەت ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش سىياسىتىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتىلاشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق سۇغۇرتىلاشنى ئىشقا ئاشۇردى، 60 ياشتىن ئاشقان نامراتلارغا تارقىتىشقا تېگىشلىك كۈتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلىنى تولۇق تارقاتتى.

«بىز ‹ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش، يۈزكۆرۈشمەي ئىش بېجىرىش›تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بېجىرىش مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە قولايلىقلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاممىنى تېخىمۇ ياخشى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بېجىرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيمىز» دېدى فەن ئەيبىن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)